# ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى

ئابدۇللاھ بىن ئەمىر بىن ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بولغان بىر كىشىنى ئايرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا توقسەن توققۇز پۈتۈك دەپتىرىنى يايىدۇ، ھەر بىر پۈتۈك دەپتىرى كۆز يەتكۈسىز يەرگىچە بولىدۇ، ئاندىن ئۇ كىشىگە: بۇنىڭدىن بىرەر ئىشنى ئىنكار قىلامسەن؟ ئەمەللەرنى ساقلىغۇچى ۋە پۈتۈكچى پەرىشتىلىرىم ساڭا زۇلۇم قىلدىمۇ؟دەيدۇ، ئۇ كىشى: ياق، ئى رەببىم! دەيدۇ، ئاللاھ تائالا: سېنىڭ ئۆزرەڭ بارمۇ؟ دەيدۇ، ئۇ كىشى: ياق، ئى رەببىم! دەيدۇ، ئاللاھ تائالا: ياق، بىزنىڭ ھوزۇرىمىزدا سېنىڭ ياخشىلىقىڭ بار، ھەقىقەتەن بۈگۈن ساڭا زۇلۇم قىلىنمايدۇ دەپ، ئۇ كىشىگە: ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن دەپ يېزىلغان كارتنى چىقىرىدۇ، بۇنى سېنىڭ مىزانىڭغا قويغىن دەيدۇ، ئۇ كىشى: ئى رەببىم! بۇ كارت ئاشۇ پۈتۈكلەر بىلەن قانداق باراۋەر كەلسۇن؟دەيدۇ، ئاللاھ تائالا: ساڭا زۇلۇم قىلىنمايدۇ دەيدۇ. (ئاندىن ئاۋۇ پۈتۈكلەر تارازىنىڭ بىر تەرىپىدە، كارت يەنە بىر تەرىپىدە قويىلىدۇ) پۈتۈكلەر يەڭگىل كېلىپ كارت ئېغىر كېلىدۇ، ھېچقانداق نەرسە ئاللاھنىڭ ئىسمى بولغان نەرسىدىن ئېغىر كەلمەيدۇ».

[(سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئۈممىتىدىن بىر كىشىنى تاللاپ چاقىرىپ، ھېساب ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا توقسەن توققۇز پۈتۈك دەپتىرىنى يايىدىغانلىقى، ئۇ بولسا شۇ ئىنساننىڭ دۇنيادا قىلغان يامان ئەمەل دەپتىرى ئىكەنلىكى، ھەر بىر دەپتەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى كۆز يەتكۈسىز ئۇزۇنلۇقتا بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. ئاندىن ئاللاھ تائالا بۇ كىشىگە: «مۇشۇ پۈتۈكلەرگە يېزىلغان بىرەر نەرسىنى ئىنكار قىلامسەن؟، پۈتۈكلەرنى يازغۇچى پەرىشتىلىرىم ساڭا زۇلۇم قىلدىمۇ؟ دەيدۇ. ئۇ كىشى: ياق ئى رەببىم! دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: «سېنىڭ دۇنيادا قىلغان ناچار ئەمەللىرىڭنىڭ سەھۋەنلىكتىن ياكى خاتالىقتىن ياكى بىلمەسلىكتىن بولۇپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئۆزرۈڭ ۋە كۆرسىتىدىغان سەۋەبلىرىڭ بارمۇ؟»دەيدۇ. ئۇ كىشى: ياق ئى رەببىم! مېنىڭ ئۆزرۈرلىرىم يوق دەيدۇ. ئاللاھ تائالا:« شۇنداقلا، بىزنىڭ ھوزۇرىمىزدا سېنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭ بار، بۈگۈن ساڭا زۇلۇم قىلىنمايدۇ»دەيدۇ. ئۇ كىشىگە : ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن دېگەن سۆز يېزىلغان كارتنى چىقىرىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە: «بۇ كارتنى مىزانىڭغا قويغىن» دەيدۇ. ئۇ كىشى ئەجەپلىنىپ: ئى رەببىم! ھەر بىرى كۆز يەتكۈسىز بولغان بۇ پۈتۈكلەر بىلەن بۇ كارت قانداقمۇ مىزاندا باراۋەر كەلسۇن؟ دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە: «بۈگۈن ساڭا ھەرگىز زۇلۇم قىلىنمايدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈك دەپتەرلىرى مىزاننىڭ بىر تەرىپىگە، كارت يەنە بىر تەرىپىگە قويۇلىدۇ، پۈتۈكلەر قويۇلغان تەرەپ يەڭگىل كېلىدۇ، كارت قويۇلغان تەرەپ ئېغىر كېلىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee